# ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى



2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10854-1

定价:3.50元

# ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى

2

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007-يىلى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间谜语.2：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10854-1

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 谜语 - 汇编- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006257号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

维吾尔民间谜语－2（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 1.875印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10854-1　定价：3.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ـ 2

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 1.875
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10854-1
باھاسى: 3.50 يۈەن




پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


جۈملە، قوشاق ۋە بېيىت شەكلىدىكى تېپىشماقلار .........1

ھېسابلىق تېپىشماقلار ..................................52

## جۈملە قوشاق ۋە بېيىت شەكلىدىكى تېپىشماقلار

شەھىرى بار، ئادىمى يوق،
دېڭىزى بار، سۈيى يوق؟

(خەرىتە)

شېخى تۆمۈر، يوپۇرمىقى كۆمۈش، مېۋىسى ئالتۇن؟

(جىگدە)

شىر ـ شىر ئېتەر، جىلغىدىن ئۆتەر،
داۋانغا كەلسە ئاستىدىن ئۆتەر؟

(سۇ)

قامىلىپ بىر سارايغا ئەسكەر ياتقان،
سىرتقا چىققانلىرى مىلتىق ئاتقان؟

(سەرەڭگە)

قوزغالماي بىر ئورۇندا قاراپ تۇرار،
ئادەمنىڭ ھاجىتىنى ماراپ تۇرار.
قانچىلىك جەبىر كۆرسە سەۋر قىلىپ،
يەنىمۇ كۆپەيمەكنى تەلەپ قىلار؟

(دەرەخ)

قولغا قوندى جانسىز كەپتەر،
قانات يايدى يېرىم چەمبەر،
ھۇزۇر بەردى ئاققاندا تەر؟

(يەلپۈگۈچ)

قولۇڭدىكى ئون ئۇزۇك،
پاكىز تۇتساڭ بەك سۇزۇك.
كېسەل قىلار بىراق ئۇ،
بولسا مەينەت، كىر، ئۆسۈك.
ئويلاپ تېپىڭ ھەم ئۇنى،
قانداق تۇتقان بەك تۇزۇك؟

(تىرناق)

قولدا تۇتساڭ كۆرۈنمەس،
ئېچىپ ئالساڭ تۇگىمەس.
بارلىق جاھان بايلىقى،
راھەتلەرنىڭ يايلىقى؟

(ئىلىم ـ بىلىم)

قوش ئەينەك، چىنە ئەمەس، تۆمۈر ئەمەس،
بۇزۇلسا ئۇنى تۈزەش مۇمكىن ئەمەس،
ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ ھەم يېپىلىدۇ،
گۆھەردىن قىممەت نەرسە، ئەرزان ئەمەس؟

*(كۆز)*

قارىغاندا تىكىلىپ كۆزۈڭ تېلىپ قالىدۇ،
تارتىپ قويساڭ يېپىنى ھەتتا ئۆچۈپ قالىدۇ.
قېنى، كىچىك دوستلىرىم، بۇنى كىم تېز تاپىدۇ؟

*(ئېلېكتىر چىراغ)*

قاتمۇ قات كۆڭلىكى بار،
ئاستىدا بىر توگمىسى بار؟

*(كاپوستا)*

قاپقارا بىر جانىۋار،
ئۆزى كىچىك، ئۇچىدۇ.
يازدا ئويناپ قىشلىقى —
ئىسسىق ياققا كۆچىدۇ؟

*(قارىغۇجا)*

قولى يوق، كەكە تۇتمايدۇ،
ئۆي سېلىشقا ئۇستا ئۇ؟

*(قارلىغاچ)*

قورسىقىدا نومۇرى، ئۇزۇن سىمدۇر تومۇرى،
بۇراپ قويساڭ نومۇرنى، يېقىن قىلار يىراقنى.
سۆزلىشىسەن قولۇڭغا ئېلىپ تۆمۈر قۇلاقنى؟
*(تېلېفون)*

قولۇمدا ئۆسكەن بىر تۇپ گۈلۈم بار،
يامغۇر ياغسا ئېچىلىپ كېتىدۇ؟
*(كۈنلۈك)*

قومۇش ئۇچى قىلتىرىق، ئۇنى تېپىڭ، دىلبىرىم،
يىڭنە ئۇچى يالتىراق، ئۇنى تېپىڭ، دىلبىرىم.
سېسىق كۆلدە ئىت يۈرەر، ئۇنى تېپىڭ، دىلبىرىم،
تاقۇر ـ تۇقۇر تەختىراۋان، ئۇنى تېپىڭ، دىلبىرىم،
ئىچىدىكى مېھرىبان، ئۇنى تېپىڭ، دىلبىرىم؟

*جاۋاب: قومۇش ئۇچى قالتىراق ــ*
*شامال دېگەن ئەمەسمۇ،*
*يىڭنە ئۇچى يالتىراق ــ ئوت دېگىنى ئەمەسمۇ،*
*سېسىق كۆلدە ئىت يۈرەر ــ سۇ ياقىسى ئەمەسمۇ،*
*ئىچىدىكى مېھرىبان ــ بوۋاق بالا ئەمەسمۇ.*

قول بىلەن تۇتۇپ بولماس،
كۆز بىلەن كۆرۈپ بولماس.

كىچىككىنە دەرەخ لىڭشىتار،
چوڭايغاندا ئۇنى يىقىتار؟
*(شامال)*

قۇرۇقلۇقتا ھەم سۇدا،
ياشيالايدۇ ئۆلەستىن.
كەچ بولغاندا سازلىقتا
ناخشا ئېيتار تىنماستىن؟
*(پاقا)*

قېلىنغىنە بىر كىتاب،
يىل بېشىدا ئېسىلغان.
ئۆتۈپ كەتسە ھەر كۈنى،
بىر ۋارىقى يىرتىلغان.
يىل ئاخىرى كەلگەندە،
ھېچنېمىسى قالمىغان؟
*(كالېندار)*

قېشى قارا، يۈزى ئاق،
ساڭا ياردۇر ھەممە ۋاخ.
چاقنىتىدۇ دىلىڭدا،
ئۆچمەيدىغان نۇر چىراغ؟
*(كىتاب)*

قىزىل رەڭلىك بىر قۇتا،
ئىس چىقىرار بۇرنىدا.
ئارقىسىدا قوللىرى،
كىرەر يەرنىڭ باغرىغا؟

(تراكتور)

قىسىۋالغان بېشىغا
يوغانغىنا قىزىلگۈل.
ئۈستىدىكى كىيىمى
كۆرۈنىدۇ خىلمۇخىل.
تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ
ناخشا ئېيتىپ چىللىغان.
بالدۇر قوپۇپ كىتىشكە
كىشىلەرنى قىستىغان؟

(خوراز)

قىشتا ھۆرمەت تاپىدۇ،
يازدا خارلىنىپ ياتىدۇ؟

(مەش)

قاتار - قاتار چىت قويدۇم،
جىرەن ئاتنى بوش قويدۇم؟

(تىل، چىش)

قارا ئىنەك قاراپ تۇرار،
قىزىل ئىنەك يالاپ تۇرار؟
(ئوت)

قارا غوجىكام ئاتتىن چۈشتى،
بالىلىرى ئولاشتى؟
(قازان ۋە قاچا ـ قۇچا)

قاراڭغۇ ئۆيدە ئىشەك ھاڭرايدۇ؟
(تۈگمەن)

قاپقارا بىر يۇمىلاق،
گۆۋاھچىسى ئۇزۇن تاياق؟
(كۆز ۋە قاش)

قاپ چۈشتى، قاپلاپ چۈشتى،
قاپنىڭ ئاغزى بوغۇلۇپ چۈشتى؟
(كالا تېزىكى)

قارا ئاتنى قاڭتۇرۇپ قويدۇم،
قارا جۇۋىنى بۆكتۇرۇپ قويدۇم؟
(قازان بىلەن ئوتنىڭ ئىسى)

قارا ئۆكۈز يەپ تويمايدۇ،
قۇيرۇقى ئاسمانغا قارايدۇ؟

*(مەش ۋە كاناي)*

قارا كۈچۈك ئوتنى پىرقىرايدۇ،
ئوت ئۈنىڭدىن قورقۇپ چىرقىرايدۇ؟
*(شامال)*

قولى يوق، پۇتى يوق،
ئۆزى سۈرەن سالىدۇ؟

*(سوغۇق)*

قورسقى توق، كۆلەڭگىسى يوق؟
*(ئورا)*

قولى يوق، پۇتى يوق، سۈرەت سىزىدۇ؟
*(سوغۇق)*

قورسقى سۇ، يۈرىكى ئوت؟
*(ساماۋار)*

قورسقىڭدا بار، يېنىڭدا يوق؟
*(كىندىك)*

قۇرۇق شاخقا قۇرغۇي قونماس؟
*(كالىنىڭ مۈڭگۈزى)*

قۇتا، قۇتا ئىچىدە تۆگە پۇتى؟
*(ياڭاق)*

قۇيرۇقى ئېشكلىك،
بۇرنى تېشىكلىك؟
*(تۆگە)*

قېنى بار، جېنى يوق؟
*(ئانار)*

قىر بېشىدا قىزىل خوراز ئولتۇرار؟
*(تىرناقتىكى خېنە)*

قىزىل كالا يېتىپ قاپتۇ،
قارا كالا كېتىپ قاپتۇ؟
*(ئوت بىلەن ئىس)*

غىلدىر ـ غىلدىر غىلدىرلاپ،
بىر جايدىلا ماڭىدۇ.
رەخت ئۈستىگە ئەگرى ـ تۈز،
نۇرغۇن ئىزلار سالىدۇ؟
*(كىيىم تىكىش ماشىنىسى)*

كىچىككىنە قۇتىدا،
كۆردۇم مەن بىر جانىۋار.

بۇ جانىۋارغا ھەيرانمەن،
جىنى يوققۇ، خۇيى بار.
ئايلاندۇرۇپ بېشىنى،
قاراتساڭمۇ ھەر ياققا.
جاھىللىقى بەك قاتتىق،
قارىۋالار بىر باغقا.
تاغۇ تاش، چۆل - دېڭىزدا،
سەپەر قىلساڭ كېرەكلىك.
شۇنىڭ بىلەن ئاداشماي،
ماڭالايسەن يۈرەكلىك؟

(كومپاس)

كېچىسى يوپيورۇق،
كۈندۈزى قۇپقۇرۇق؟

(لامپۇچكا)

كىيىملىرى رەڭگارەڭ،
مېڭىشلىرى سۆلەتلىك.
سوقۇشقانىنى كۆرسىڭىز،
دەيسىز: ئەجەب يۈرەكلىك.
ئۆزىنى شاھتەك تۇتسىمۇ،
يۈرگەن يېرى ئەخلەتلىك؟

(خوراز)

كىچىلىرى دائىما،
كىرىۋالار ئىچىمگە.
ئاش ئوغرىلاپ قاچقاننى،
ئۇچرىتىدۇ زەربىگە؟

(مۇشۇك)

كىچىك ـ كىچىك چىرايلىق،
گۇللۇك قەغەز تۇگۇنچە.
ئاچساڭ چىقار ئىچىدىن،
تاتلىق، شىرىن ئۈزۈمچە؟

(كەمپۈت)

كىچىككىنە سومكىغا،
سالسام مۇھىم سۆزۈمنى.
يىراق يۇرتقا تېگىپتۇ،
يۇمۇپ ئاچسام كۆزۈمنى؟

(تېلېگرامما)

كۆتۈرۈلۈپ دېڭىزدىن،
كۆككە ئۇچۇپ بارىدۇ.
كۆكتىن قايتىپ چۈشكەندە،
ھەممە گىياھ قانىدۇ؟

(يامغۇر)

كۆكتە پاختا لەيلەيدۇ،
گاھ چۈشىدۇ، ئۆرلەيدۇ.
ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتسە،
ئېتىز ـ باغلار كۆكلەيدۇ؟

*(بۇلۇت ۋە يامغۇر)*

كۆرىمىز بىز ھەمىشە
قاراڭغۇدا تاماشا.
تاماشىسى ئالدىدا،
بويۇنچىسى ئارقىدا.
كۆرسىتىدۇ جاھاننى،
ياخشى بىلەن ياماننى.
كۆرۈپ خۇشال بولىمىز،
روھىي ئوزۇق ئالىمىز؟

*(كىنو)*

كۆز ئېچىپ كۆرەلمەيسىز،
قول سۇنۇپ تۇتالمايسىز.
سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ،
بىر مىنۇت ياشالمايسىز؟

*(ھاۋا)*

كۈندۈزى كۈنگە قاراپ،
ئاخشىمى ئايغا باقار،

پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرسەك
مايلىرى سۈدەك ئاقار؟

*(ئاپتاپپەرەس)*

كىچە ـ كۈندۈز تىنمايدۇ،
توختىماستىن سانايدۇ.
ئۆمۈر بويى سانىسا،
ئون ئىككىدىن ئاشمايدۇ؟

*(سائەت)*

كەل ـ كەل دېسەم كەلمەيدۇ،
كەلمە دېسەم كېلىدۇ؟
*(كالپۇك)*

كۆك تاغ، ئالتۇن مىخ؟
*(ئاسمان، يۇلتۇز)*

كۆل بويىدا قارا قومۇش؟
*(كىرپىك)*

كۆك ئۆچكەم كېپەك قۇسىدۇ؟
*(ياغاچ كېسىدىغان ھەرە)*

كۆك مۇشۇك، يېنى تۆشۈك؟

(تۇلۇق تاش)

كۆمسەم كۆمۈلمەس،
تەپسەم تەۋرىمەس.
ماڭسام ماڭىدۇ،
تۇرسام تۇرىدۇ؟

(كۆلەڭگە)

كۆڭلىكىدىكى ئاق شايە،
بەلۋېغى كۆك تاۋار.
بۆكى سېرىق دۇخاۋا،
يۈزى يالپاق، ئۇ نېمە؟

(ئاپتاپپەرەس)

كۆزۈم يۇمۇقلۇق،
تىنىم ھەرىكەتسىز.
لېكىن كۆرگىنىم،
ھەر خىل ۋە سانسىز؟

(چۈش)

كۆردۈم يوغان قورساقلىق،
ئاجايىپ جانۋار.

كىندىكىنىڭ سىرتىدا،
چىرايلىق بىر تاجى بار.
سىرىق كىيىم كىيىپتۇ،
يۇرىكىدە ئوت يانار؟

*(ساماۋار)*

كۇندۇزى بىكار،
كېچىسى چاكار؟

*(يوتقان - كۆرپە)*

كىرسە ئادەم پاتمايدۇ،
سۇغا سالسا چۆكمەيدۇ.
ئىچىدىكى نەرسىنى،
ئامان - ئېسەن ساقلايدۇ؟

*(ساندۇق)*

كۇندۇزى مېھمان، كېچىسى خىمان؟

*(يوتقان - كۆرپە)*

كۇندۇزى كېتەر ئەگلىكىم،
ئاخشىمى كېلەر لەگلىكىم؟

*(ئاي)*

كۆندۈزى تورۇك ـ تورۇك،
كېچىسى بۆلۈك ـ سۆرۈك؟
(ھاسا تاياق)

كۆندۈزى غاچ ـ غاچ،
كېچىسى قارنى ئاچ؟
(ئۆتۈك)

كۆندۈزى غىچىرلايدۇ،
ئاخشىمى مىدىرلىيالمايدۇ؟
(ئىشىك)

كۆننى كۆرسە ئۆلىدۇ،
ئاينى كۆرسە كۈلىدۇ؟
(كېچە)

كۆندۈزى ماك ـ ماك،
كېچىسى تورۇك ـ تورۇك؟
(قىبرى ئادەم)

كۆندۈزى بوغاز،
كېچىسى سۆگاي؟
(ئۆتۈك)

كىر يدۇ، چىقىدۇ، توختىمايدۇ،
ئوقۇيدۇ غەزەل، توقۇيدۇ غەلۋىر؟
(ھەرە)

كېچىسى ئاغىچا، كۈندۈزى غالچا؟
(سۈپۈرگە)

كىچىككىنە پىننىناس،
ئالەمنى كېزىپ تىنماس؟
(تەڭگە پۇل)

كىچىككىنە يۇمىلاق، ئىچىدە كۆپ قۇمىلاق؟
(ئانار)

كىچىككىنە ئاق قازىنىم،
چىقار ئىككى خىل تامىقىم؟
(تۇخۇم)

كىچىككىنە ھۇجرام بار،
ئىچىدە لىق سەللىلىك ئاخۇن؟
(ئېغىز ۋە چىش)

كىچىككىنە كەكىچىقىم قارا جاڭگالنى كېزەر؟
(ئۇستىرا)

كىچىككىنە موزايچىقىم يۇمىلاق سەمرىيدۇ؟
(يىپ ۋە ناچا)

كىچىككىنە بويى بار،
خوخا ـ تىكەن تونى بار؟

*(كىرپە)*

كىچىككىنە ئىككى مۆڭگۈزى،
چوڭايغاندا يوقىلار ئۆزى.
يىگىرمىگە يەتكەندە،
يەنە چىقار شۇ مۆڭگۈزى؟

*(ئاي)*

كىچىككىنە جانىۋار غىڭ ـ غىڭ قىلىدۇ،
ئاخشاملىرى بەدەننى يىغىر قىلىدۇ؟

*(پاشا)*

كىچىك كۆلگە سۇ قۇيسام،
مۇز توڭلاپتۇ قىزدۇرسام؟

*(سۈت ۋە قايماق)*

گاھ ئۈستەلدە، گاھ تامدا،
گاھ بىلەكتە، گاھ ياندا.
چىكىلدايدۇ يىقىملىق،
كېرەك ئۇ ھەر قاچاندا؟

*(سائەت)*

گۈل تېگىدە ـ كۆلەڭگىدە ناخشىچى،
سەھەر تۇتۇپ تىڭشاپ كۆرسەڭ،
خۇش ياقىدۇ ناخشىسى؟

*(بۇلبۇل)*

گىلەمنىڭ رەڭگى ئوخشاش تونلىرى بار،
بەكمۇ ھەيۋەت، قورقۇنچلۇق ئۈنلىرى بار.
ئۇزۇن بۇرۇت، نەپىس قۇيرۇق، قىسقا قۇلاق،
جاندارغا خەۋپ سالىدىغان بىر يېرى بار؟

*(يولۋاس)*

گۈلدىن گۈلگە قونىدۇ،
ئۆزى بەكمۇ تۇراقسىز.
گۈلگە ئوخشاش چىرايى،
گۈل دەي دېسە پۇراقسىز؟

*(كېپىنەك)*

گۈلدۈرلەيدۇ، پالاقلايدۇ،
دان چوقۇيدۇ، يېمەيدۇ؟

*(تۇلۇق تاش)*

گۇمبەز ئوخشاش بىر ئايۋان،
ئىچىدە بار بىر يىلان.

ئۆزى سۇغا چۆكۈكلۈك،
ئاغزىدا ئوت چىشلەكلىك؟
*(چىراغ پىلىكى)*

گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
قار يېغىپتۇ، سوغۇقى يوق؟
*(تۈگمەن)*

گۈل بېسىپتۇ كەشتىچى،
يىڭنە ۋە يىپسىز.
تۇتسام ئۇنى ئاۋايلاپ،
يىرتىلدى بەك تېز؟
*(ئۆمۈچۈك تورى)*

گۈل ئارىسىدا ئاجايىپ سېرىق،
بېشىدا تەخسە، قورسىقىدا تېرىق؟
*(ئاپتاپپەرەس)*

لاپ ـ لاپ ماڭغان، لاپ ماڭغان،
كەمپۈت بەرسە كاپ سالغان؟
*(كىچىك بالا)*

لىم سالماي ئۆي ياپتىم؟

(مۇز)

مېڭىپ ـ مېڭىپ تىنمايدۇ،
ھېرىشنىمۇ بىلمەيدۇ.
بارىدىغان جايىغا،
زادىلا يېتەلمەيدۇ؟

(سائەت)

مېنىڭ تۆمۈر تايچىقىم،
ئوت ـ چۆپ بىلەن كارى يوق.
ئىككى پۇتى دومىلاق،
ئايلىنىدۇ يۇمىلاپ.
توختاپ قالسا مېڭىشتىن،
تۇرالمايدۇ ئورنىدا.
مىنىۋالسام ئۇستىگە،
چېپىپ چىقار كوچىغا؟

(ۋېلسىپىت)

ماڭار دېسەك پۇتى يوق،
تۇتار دېسەك قولى يوق.
ئاڭا مەلۇم ھەممە يەر،
تاپمايدىغان ئۆيى يوق؟

(خەت ـ چەك)

مىدىرلىساڭ مىدىرلايدۇ،
گەر توختىساڭ توختايدۇ.
تۇتۇۋالاي دېسەڭمۇ،
ساڭا تۇتۇق بەرمەيدۇ؟

(سايە)

ماموقتەك يۇمشاق،
شېكەردەك ئاپئاق.
قىشتا يەرنى باسىدۇ،
يازدا سايغا قاچىدۇ؟

(قار)

ماڭىدۇ، ماڭىدۇ، قىردىن ئاشمايدۇ؟

(بۆشۈك)

مەن بۇ ياقتىن باراي،
سەن ئۇياقتىن كەل.
قارا جىرانىڭ ئاغزىدا ئۇچرىشايلى؟

(بۇرۇن پۈتلىسى)

مۇزغا قوناق چاچتىم؟

(خەت)

مېڭىشى شامال، يېتىشى ئازگال؟

*(قامغاق)*

مېنىڭ بىر ئالا ئارغامچام بار،
ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا يېتىدۇ؟

*(ھەسەن ـ ھۈسەن)*

مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر يەرگە بېرىپ،
ئاغزىنى ئېچىپ قالىدۇ؟

*(كالاچ)*

مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر يەرگە بېرىپ،
تامغا يۆلىنىپ قالىدۇ؟

*(ھاسا)*

مىڭدىن كۆپتۇر چېچىكى،
ئىككى تاللا يوپۇرمىقى؟

*(يۇلتۇز، كۈن، ئاي)*

مىڭ قوينى بىر چىۋىقتا ھەيدەيدۇ؟

*(ئۇستىرا)*

مىڭ تال ئۇچەي،
بىر تال قوۋۇرغا؟

*(سېۋەت)*

مىنىڭدە بار، سەندە يوق،
جىنىمدا بار، تەندە يوق.
ئالەمدە بار، ئايدا يوق،
ئاسماندا بار، يەردە يوق؟
*(«م» تاۋۇشى ۋە ھەرپى)*

نۆۋەتلىشىپ يۈگۈرىدۈ،
بۇ جاھاندا يەتتە ئات؟
بىسىپ ئۆتەر توختىماي،
بولسىمۇ تاغ قاتمۇ قات؟
*(ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى)*

ھاپ دەپ تاپالماس،
سودىگەر ساتالماس؟
*(ئۇيقۇ)*

ھارۋىدىن ئاق سەللە چۈشتى؟
*(تۇكۇرۇك)*

« ھاھ» دىسەم «ھاھ» دەيدۇ،
بالىلار ھەيران «پاھ» دەيدۇ؟
*(ئاۋازنىڭ قايتىشى ـ ئەكس سادا)*

ھەر تۈرلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇزۇن قۇلاق،
ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى يۈك توشۇماق.
ئايىغى يېرىق ئەمەس، پۇتۇن تۇياق؟
(ئېشەك)

ھەر خىل رەڭدە تونى بار،
پۇت ـ قولى يوق، بۇرنى بار؟
(قوغۇن)

ھەممىگە تون تىكىمەن،
ئۆزۈم يالىڭاچ؟
(يىڭنە)

ھولۇ ـ ھولۇ، ھولۇمەت،
ئىچى قىزىل قىيامەت.
ھۆل كىرىپ، قۇرۇق چىقار،
يا، مۇستاپا مۇھەممەد؟
(تونۇر)

ھېچكىم كىرمىگەن جەڭگە،
بىر يالىڭاچ كىرىپتۇ؟
(چۆمۈچ)

ھىڭگايغانغا دىڭگايغان؟
*(پەتلە بىلەن تۇگمە)*

ئۆتنى كۆرسە روھلىنار،
دىلى ئوندا زوقلىنار.
نۇر ئىشقىدا سەرسانە،
قانداق جان ئۇ مەردانە؟
*(پەرۋانە)*

ئول ئاجايىپ بىر نىمىدۇر،
باردۇر ئۇنىڭ تۆت پۇتى.
يارىشىدۇ ئۇنىڭغا،
سەپ ـ سەپ تۇرغان بۇرۇتى.
ئەركىلەتسەك بىز ئۇنى،
زېرىكمەستىن ئوينايدۇ.
كېچە ـ كۈندۇز دېمەستىن،
ئوزۇق ـ تۈلۈك قوغدايدۇ؟
*(مۈشۈك)*

ئون بەش كېچە كۆرسەتسە يورۇق يۈزىنى،
ئون بەش كېچە كۆرسەتمەس سىزگە ئۆزىنى؟
*(ئاي)*

ئوق تەگسە تۆشۈك قالماس،
تىغ تەگسە ئىزى قالماس.
بولقا بىلەن يانجىپ بولماس،
جاندار ئاڭا زادى قاناس؟

*(سۇ)*

ئوتتۇز ئىككى ئاغىنە
بىر كېمىردە ياشايدۇ.
ئىشقا چۈشسە يانداشىپ،
بىللە كۈرەش باشلايدۇ؟

*(چىش)*

ئوتتا يانماس، سۇدا چۆكمەس؟

*(مۇز)*

ئون سەككىز تال قوۋۇرغا، بىر تال ئۇچۇگە؟

*(ھارۋىنىڭ چاقى)*

ئوچاق بېشىدا مۇشۈك ئولتۇرىدۇ؟

*(چۆگۈن)*

ئول نىمىدۇر ئادىمگە
قىش - ياز لازىم ئىمىش.
بېشى بىردۇر، بىلى ئالتە،
قۇيرۇقى تۆت يۈز ئىمىش.

(بۇ «ئوت» (اوت) بولۇپ، كونا ئەبجەت ھېسابى بويىچە بىر سانى «ا» ھەرپىگە، ئالتە سانى «و» ھەرپىگە، تۆت يۈز سان «ت» ھەرپىگە تەڭ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ تېپىشماقتا ئىشارە قىلىنغان سانلارنى ئەبجەت ھېسابى بويىچە خەتكە ئايلاندۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوت» (اوت) سۆزى پەيدا بولىدۇ.)

ئۇزۇندىن - ئۇزاق،
ھاۋاغا تۇزاق؟

*(تۇتۇن)*

ئۇزۇن قۇلاق، قىزىل كۆز،
يېرىق كالپۇك، ئۆزى شاش.
كەينى ئېگىز، ئالدى پەس،
كىيگەن يۇمشاق ئۇستۋاش؟

*(توشقان)*

ئۇزۇن قۇيرۇق، چوڭقۇر قۇدۇق،
ئاپئاق يەردە قارا ئورۇق؟

*(كۆز)*

ئۇستىدىن مۆلدۈر ياغار، ئاستىدىن قار؟

*(تۈگمەن)*

ئۇ كاچىتىمغا ئۇرىدۇ،
بۇ كاچىتىمغا ئۇرىدۇ.
مەن ھېچ گۇناھ قىلمىسام،
مېنى نېمىشقا ئۇرىدۇ؟
*(ئەلگەك)*

ئۇ نېمىدۇر جېنى يوق،
بېشىنى كەسسە قېنى يوق.
ھاجەت چۈشكەن كىشىگە،
ئەمرىنى تۇتماي چارە يوق؟
*(ئىشتانباغ)*

ئۇزۇن ئارغامچىنىڭ كۆلەڭگىسى يوق؟
*(يول)*

ئۇزۇن كەتكەن بىر كېمىر،
تۆگىلۈكى مىجىر - مىجىر.
ئايىغىدا گۈل ئېچىلۇر،
بېشى شورتاڭلىق ئېدىر؟
*(كارىز)*

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئىز كېلىدۇ،
ئۇزۇن بويلۇق قىز كېلىدۇ.

قاسراقلىرىنى پارقىرىتىپ،
ماڭلايلىرىنى يالتىرىتىپ؟

*(يىلان)*

ئۆيگە قايتمايدىغان
مېھمان كۈندە كېلىدۇ.
تاپقىلى بولمايدىغان،
يېڭىلىق ئېيتىپ بېرىدۇ؟

*(گېزىت - ژۇرنال)*

ئۆزى ئورۇپ، ئۆزى تېپەر،
بۇراپ قويساڭ مېڭىپ كېتەر.
بىردەمنىڭ ئىچىدىلا،
كۆز يەتمەس يەرگە يېتەر؟

*(كومباين)*

ئۆردەك ئەمەس، غاز ئەمەس،
بېلىق ئەمەس سۇدىكى.
سۇدا ئەركىن ئۈزىدۇ،
يەيدۇ كۆمۈر ھەمدە ماي،
جاۋاب بېرىڭ سورىماي؟

*(پاراخوت)*

ئۆزى ئىلمەك ھاسىدەك،
يەلپۈگۈچ بار بېشىدا.

نۇرغۇن تۇۋرۇك تىكلەكلىك،
ئۇنىڭ بويى قېشىدا؟
(كۈنلۈك)

ئۆزى قارا، يورغا تاي،
لېكىن زادى كىشنىمەس.
بەللىرى نازۇك قىلدەك،
بېدە ـ سامان چىشلىمەس؟
(چۈمۈلە)

ئۆزى سەگەك ۋە يۈگۈرۈك،
بەكمۇ ئاسان سېزىدۇ.
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە،
جاھاننى بىر كېزىدۇ.
ئۇنى ياخشى ئىشلەتسەڭ،
كۆپلەپ ھوسۇل بېرىدۇ؟
(ئەقىل)

ئۆيى ئانچە چوڭ ئەمەس،
تولغان كۈمۈش، زەر يىپتا.
كۆرۈنمەيدۇ بىر كىممۇ،
ياڭراق ئەمما شوخ ناخشا؟
(رادىئو)

ئۆزى دۈگىلەك، تىكىنى بار،
چۈمۈلىدىن داد دەيدۇ.
يىلاننى كۆرسە تۈگۈلۈپ،
قۇيرۇقىدىن هاپ دەيدۇ؟

(كىرپە)

ئۆزى تولغان ئايدەك،
قورساق سالغان بايدەك.
لازا، سىركە، سامساقتىن،
گىرىم قويار يۈزىگە،
ئەگەر ئۇلار بولمىسا،
تېتىقسىزلا بىر نېمە؟

(لەڭپۇڭ)

ئۆزى مۈشتەك، تېنى تاشتەك،
پوستقا تۇرىدۇ جەڭگىۋار ياشتەك؟

(قۇلۇپ)

ئۆزى كىچىك بىر نەرسە،
يەرگە چۈشسە كۆرۈنمەس.
ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى،
ھەممىمىزدە يوق ئەمەس؟

(يىڭنە)

ئۆزى چاقلان، بىر لا كۆزى بار،
بىر جۈپ تەخسە ئۇنىڭ ئىچىدە.
دۇمبىسىنى بېسىپ قويساڭ،
يول باشلايدۇ قاراڭغۇ كېچىدە؟
(قولچىراغ)

ئۆزى كۆپكۆك لەئەلدەك،
مونچاق - مونچاق ئېسىلغان،
يەنە ئۇنىڭ ئىچىگە،
نەۋرىلىرى قېتىلغان؟
(ئۈزۈم)

ئۆزى سارغۇچ ئۈزۈنچاق،
بۇرۇتلىرى دىڭگايغان.
ئېچىپ كۆرسەڭ ئىچىنى،
ئالتۇن مىخقا لىق تولغان؟
(بۇغداي باشىقى)

ئۆزى خۇددى يىلاندەك،
رەڭگى ئۇنىڭ چىلاندەك.
بىزگە پايدا يەتكۈزەر،
يەر ئاغدۇرۇپ دېھقاندەك؟
(سازاڭ)

ئۇچقاندا ناخشا ئېيتىدۇ،
قونغاندا يەرنى قازىدۇ.
رەڭگى ئۇنىڭ قاپقارا،
بۇنى كىم تېز تاپىدۇ؟

*(قوڭغۇز)*

ئۇزۇن، ئۇزۇن، ئۇزۇن يول،
چېتىگە يەتكەن بارمىكىن؟
ئاستى تېرەن قىيان سۇ،
تۈۋىگە يەتكەن بارمىكىن؟
تۈۋىگە يېتىپ بۇ سۇنىڭ
قېنىپ ئىچكەن بارمىكىن؟

*(ئۆگىنىش)*

ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ كېلىدۇ،
قانات قېقىپ كېتىدۇ.
قېنى ئويلاپ تېپىڭلار،
كىم تېگىگە يېتىدۇ؟

*(ئوي ـ پىكىر)*

ئۆزى ماڭار ئىزى يوق،
ماڭلىيىدا كۆزى يوق؟

*(كېمە)*

ئۆي ئىچىدە بىر ئۆي بار، ئىككى قەۋەت ئىشىكى،
خۇددى ئەگرى يەڭ ئوخشاش تاشقىرىدا تۈگۈلۈكى؟
(مەش)

ئۆزى بىر غېرىچ،
تىلى مىڭ غېرىچ؟
(قەلەم)

ئۆزى بىر غېرىچ،
ساقىلى ئىككى غېرىچ؟
(كۆمىتقوناق)

ئۆزى يۇمىلاق، ئەمما ئاي ئەمەس،
رەڭگى ساپسېرىق، لېكىن ياغ ئەمەس.
قۇيرۇقى ئۇزۇن، چاشقانمۇ ئەمەس،
سىلەر تېپىڭلار، ھېچنېمە يېمەس؟
(قوياش)

ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان شەھەر،
شەھەردە قاتىراپ يۈرىدۇ لەشكەر.
كىيىمسىزلەرگە ئۆتۈشكە رۇخسەت،
كىيىملىككە يوق قېچىشقا پۇرسەت؟
(غەلۋىر)

ئۆستۇرىدۇ ئانىسى
ئۆز تېنىدە بالىنى.
شامال چىقسا بالىسى
شاپىلاقلار ئانىنى؟

*(دەرەخ ۋە يوپۇرماق)*

ئۆڭكۈردە قاتار ياتار ئوتتۇز ئىككى بۆرە،
ئون يىگىت ئۇ بۆرىنىڭ خىزمەتكارى.
سىلىنغان مەخمەل كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىغا،
ماڭىدۇ شۇ كۆرۈكتىن يەمنىڭ بەرى؟

*(چىش، بارماق، تىل)*

ئۆزى يەرگە مۆكۈكلۈك،
چېچى تالادا ئۆيۈكلۈك؟

*(چامغۇر)*

ئۆزى كۈل رەڭ، كۈرەڭ ئات،
مۇزدا يۈرسە تېيىلماس.
تامدا يۈرسە يىقىلماس؟

*(چىۋىن)*

ئۆزى كىچىك، سۇغا تويماس؟

*(گۈرۈچ)*

ئۆزى مۇشتتەك، قۇيرۇقى نوغۇچتەك؟
*(سېغىنرغان ياكى تىيىن)*

ئۆزى تاختا، رەڭگى پاختا؟

*(قەغەز)*

ئۆزى مۆكۈپ تۇرار،
ساقىلى چىقىپ تۇرار؟

*(سەۋزە)*

ئۆزى قارا، سۆزى ئاق؟

*(دوسكا)*

ئۆزى قىرلاقلىق، چۆرىسى چىتلاقلىق؟
*(تۇماق)*

ئۆزى ئۆيدە،
قۇيرۇقى تالادا؟

*(مەش ۋە كاناي)*

ئۆزى هۆمۈر غوجا،
بۆكى تۆمۈر غوجا؟

*(ساپان)*

ئۆي تۆپىسىدە ئۇششاق تاش؟
*(يۇلتۇز)*

ئۆزۈمنى دەپ ئۇنى ئۇرۇپ،
ئۇنى دەپ ئۆزۈمنى ئۇرۇپ،
مىجىۋەتتىم قورسىقىنى،
قانلىرىمنى ئاقتۇرۇپ؟
*(پاشىنى ئۆلتۈرۈش)*

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۆلا،
ئىككىسى كەم ئەللىك يەردىن ئۆلا،
ئون ئىككى توقماق، يەتتە بوغماق؟
*(يىل، ئاي ۋە ھەر ھەپتىدىكى يەتتە كۈن)*

ئۈستىدىمۇ ئوتلاق بار،
ئاستىدىمۇ ئوتلاق بار.
ئوتتۇرىسىغا قاملاشقان،
بىرلا ئۈزۈم جايلاشقان؟
*(كۆز)*

ئېرىق، ئېرىق ئىچىدە سۇ،
سۇ ئىچىدە يىلان،
يىلان ئاغزىدا ئوت؟
*(قارا چىراغ)*

ئېغىزى كۆپ دوستۇمنىڭ،
قورسقى بوش قومۇش تەن.
يەل ماڭدۇرسا ئىچىگە،
ناخشا ئېيتار زەپ بەلەن؟

(نەي)

ئېغىز، بۇرۇن قۇلاقسىز،
گېپى تولا، ساناقسىز.
كۆرۈپ باقماي ئىچىنى،
ھەم بىلىشكە قۇلايسىز.
سۆزى شېرىن ھەم نۇرلۇق
دىلغا شولا چاچىدۇ.
قۇۋۋەت ئېلىپ ئىنسانلار،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدۇ.
سۆزلىرىگە تويمايسەن،
بۇنى كىم تېز تاپىدۇ؟

(كىتاب)

ئېگىز بويلۇق ئىنىسى،
پاكار بويلۇق ئاكىسى،
ئىنىسىدۇر يۈگۈرۈك،
ئاكىسىدۇر مۆگۈدەك،

قولىغىزغا ئىسسىقلىق،
بۇنى كىم تېز تاپىدۇ؟
(قول سائىتى)

ئېگىز ئاسماندا بىر قۇش بار،
يىپقا مەھكەم تارتىلغان.
شامال چىقسا قورقمايدۇ.
پەقەت يامغۇردىن قورققان؟
(لەگلەك)

ئېگىز تاغنىڭ ئۇستىدە
يۇمران چۆپلەر دۆۋىسى.
ئورۇۋەتسەڭ ئۇلارنى،
ئايدا ئۆسۈپ چىققۇسى؟
(چاچ)

ئېتىۋەتتىم شوتىدىن،
ئېسىلىۋالدىم پۇتىدىن؟
(ئاغدۇرما هارۋا)

ئېگىز بويلۇق ئاكام
تۇلكە تۇماق كىيىپتۇ؟
(قومۇش)

ئېرىق بېشىدا، يوتقىنى قېشىدا،
گۆشى ئىچىدە، سۆڭىكى تېشىدا؟
*(قوغۇن)*

ئېگىز مۇنار،
كالتە مۇنار.
لالە چېچىكى،
سەدەپ مونچىقى؟
*(ئاسمان، بۇلۇت، يۇلتۇز، ئاي)*

ئېگىز مۇنار،
تېگى كانار؟

*(بارانگدىكى ئۈزۈم)*

ئېگىز ئۆگزىدە گىلەم قاقسام،
توپىسى تۇرپانغا يەتتى؟

*(كۆڭۈل)*

ئېچىلمىغان ساندۇقتىن،
پېچىلمىغان تاۋۇز چىقتى؟
*(تاۋۇز ئۇرۇقى)*

ئېگىز گۈمبەز، ھەممە ئۇنىڭدىن پەس،
ئىككى يوپۇرمىقى، يۇزمىڭ چېچىكى؟
*(ئاسمان، ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇز)*

ئېگىز - ئېگىز قېشى،
سۇندى تۇگمەن تېشى.
قارىغان كىشىنىڭ
ئاقىدۇ يېشى؟
(كۆن)

ئىككى پۇتىدا ئىككى خىل ئاياغ،
بىرسىدە بىگىز، بىرسىدە بوياق.
بىر پۇت جىم تۇرسا،
بىرسى تېيىلغاق.
ھۈنىرى ئۇنىڭ دۈگىلەك سىزغاق.
ئويلاپ تېپىڭ، بۇ قانداق تېپىشماق؟
(سىركول)

ئىسسىقى بار، ئوتى يوق، كۆيۈپ تۇرار،
مېيى يوق.
قولۇڭ تەگسە ناۋادا،
رەھىم قىلار يېرى يوق؟
(توك)

ئىس چىقىدۇ قۇيرۇقىدىن،
ئادەم چۈشەس دۈمبىسىدىن.

دەرەخلەرگە تېگەلمەيدۇ،
بۇ تاغلارغا قونالمايدۇ؟
*(ئايروپىلان)*

ئىت بولۇپمۇ قاۋىمايدۇ،
يۈگۈرۈپ قوپۇپ چىشلىمەيدۇ،
يات بىر كىشى كىرىپ قالسا،
ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ؟
*(قۇلۇپ)*

ئىشىكىگە ئوت قويساڭ، ئوت ئالىدۇ ئۆي ئىچى،
ئوت كەتكەننى كۆرسىمۇ، ئۆچۈرمەيدۇ ھېچ كىشى؟
*(مەش)*

ئىككى ئىناق بىر تۇغقان،
بەكمۇ ئامراق ئىككىسى.
ئەگەر بىرسى بولمىسا،
كەلمەس تاماق ئىچكۈسى؟
*(چوكا)*

ئىككى ئوچاقتا بىر كۆسەي؟
*(كالىنىڭ تىلى)*

ئىككى ئېرىقتا بىر كۆۋرۈك.
*(بۇرۇت)*

ئىككى بەيگە ئات چاپىدۇ، چاڭ چىقارمايدۇ،
بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىدۇ، تېپىشالمايدۇ؟
*(كۆز)*

ئىچى قىزىل، تېشى كۆك؟
*(تاۋۇز)*

ئىچى ـ تېشىنىڭ سىرى يوق،
بارمايدىغان يېرى يوق؟
*(كۆڭۈل)*

ئىككىسى كۆرىدۇ، ئىككىسى تىڭشايدۇ،
بىرى سۆزلەيدۇ؟
*(كۆز، قۇلاق، ئېغىز)*

ئىچى سىر، تېشى گۈل؟
*(پىيالە)*

ياز بولسىلا باراڭغا،
ئامراق بولغاچ يۆلەكلىك.
قىش بولغاندا بوۋاقتەك،
يەرگە ئوبدان بۆلەكلىك؟
*(تەك)*

يۇرەر ئۇچۇپ، ئاسماننى كېزىپ.
بىر ئايلىق يولنى بىردەمدە بېسىپ.

ئۇسسغان چاغدا ئىچىدۇ بېنزىن،
قالمايدۇ زادى يولىدىن ئېزىپ؟
(ئايروپىلان)

يۇمىلاق شوخ بىلىقىم،
يەردە سەكرەر دىڭىلداپ.
تورغا سالسام شۇ هامان،
تېشىپ قاچار پىڭىلداپ؟
(ۋاسكېتبول)

يېشىل دۇگىلەك بىر شەھەر باردۇر،
يوقتۇر ئۇنىڭ دەرۋازىسى.
ئىچىدە بار مىڭلاپ كىشى،
قىزىل مىستۇر كىيگەن كىيىمى؟
(تاۋۇز)

يېڭى چىققان ئاي كەبى،
پارقىرايدۇ قولۇڭدا.
ئېكىنزارنىڭ چاچلىرى
چۇشۇرۇلەر ئۇنىڭدا؟
(ئورغاق)

يازنىڭ كۈنى ئولتۇرسىڭىز،
تەنگە راهەت سالقىنى بار.

قىشنىڭ كۈنى جۇت ـ سوغۇقنى،
قوغلايدىغان يالقۇنى بار؟

*(دەرەخ)*

يازۇ، قىشى ئۆزگەرمەس،
ئۇمۇ دەرەخ تۇرىدىن.
جۇت ـ شىۋىرغان بولسىمۇ،
ئايرىلمايدۇ گۈلىدىن؟

*(قارىغاي)*

يورغىلايدۇ تاشپاقا،
قورقماس چوڭقۇر، داۋاندىن.
كىيىۋالغان ئۈستىگە،
ئوق ئۆتمەيدىغان چاپاندىن.
جەڭگە كىرسە جان ئالار،
دۈشمەن دېگەن ياماندىن؟

*(تانكا)*

يەردىن چىققان پىل،
تاسما قىلىپ تىل.
ئەقلىڭ بولسا بىل؟

*(دەرەخ)*

يوچۇقى يوق ئاپئاق توپ،
ئىچىدە كۆل بار سۈپسۈزۈك.

ئۆزۈپ، لەيلەپ يۈرىدۇ،
سىرىققىنا بىر ئۆزۈك؟
(تۇخۇم)

يۇلتۇزمىكىن دىمەڭلار،
يىراق ئەمەس يۇلتۇزدەك.
يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچسا،
كېچە بولار كۈندۈزدەك؟
(ئېلېكتر چىراغ)

يانتاق تۈۋىدە ياغلىق توقاچ؟
(يىلان)

يالت ـ يۇلت كېلىدۇ،
يالماپ ـ يالماپ يۇتىدۇ؟
(ئوت)

يار بويىدا قاتار قوزۇق؟
(چىش)

يا سودىگەر ساتمايدۇ، يا خېرىدار ئالمايدۇ،
كەچ بولغاندا، هارغاندا، لازىم بولماي قالمايدۇ؟
(ئۇيقۇ)

يازلىقى يېشىل رەڭدە،
كۆزلۈكى سېرىق تەگگە؟
*(يوپۇرماق)*

يەر ئاستىدا ئالتۇن قوزۇق؟
*(سەۋزە)*

يەر ئاستىدا تورۇق ئات،
تېرىسىدۇر يەتتە قات.
سويماق بولساڭ سەن ئۇنى،
يىغلايسەن كۈنى - تۈنى؟
*(پىياز)*

يەر ئاستىدا ئاي يۈگۈرەر؟
*(ساپان)*

يەيدۇ - يەيدۇ، قورسىقى تويمايدۇ؟
*(تۈگمەننىڭ كويلىسى)*

يەتتە دوست بار قەدىناس،
بىر - بىرىدىن ئايرىلماس.
قىرىمىدى، ئۆلمىدى،
ياكى سەككىز بولمىدى.

ئۇچرىتىمىز بىر ـ بىردىن،
ئۆزى يوقۇ، ئىتى بار،
تا تۇغۇلغان پېتى بار؟

*(ھەپتە ئىچىدىكى كۈنلەر)*

يەڭگەم كاچاتلاپ تۇرار،
يىغلاپ كىرىپ، كۈلۈپ چىقار؟

*(تۇگمەندە ئۇن تارتىش)*

يونۇغانسىرى يوغىنار؟

*(ئورا)*

يورغا ئېشەك سۇغا سالساڭ،
ئوتتۇز ھارۋىنى تارتىدۇ؟

*(كېمە)*

يېشىل غاز، بېشى تاز؟

*(تورۇپ)*

يېغى يوق ياندۇ،
جېنى يوق ماڭدۇ؟

*(قۇياش)*

يېپىشى سىرىق مارجان،
چىقىرىشى ئاق پاراشوك؟

*(تۈگمەن)*

سۇدا ئۈزگەندە يايرايدۇ تېنى،
سۇدىن ئايرىلسا قالمايدۇ جېنى؟
(بېلىق)

سۇغا سالساڭ سۇ بولۇر،
ئوتقا سالساڭ مۇز بولۇر؟
(تۇخۇم)

سېرىق چاپان كىيگەنلەر،
ھاۋالاردا ئۇچقانلار؟
(بوغۇن ھەرە)

«سەن» دە بىرلا
«مەن» دە بىرلا
ئىستىسەم «ئالەم» دە يوق،
« شام» غا بېرىپ ئۇچنى تاپتىم،
« مىسىر» غا كەلسەم بىرىمۇ يوق؟
(چېكىت)

شامال چىقسا ئاسماندا،
ئۇيان - بۇيان ئۇچىدۇ.
ئۇچىيى تۇرغاچ تېشىدا،
تارتسا ئاستا كېلىدۇ.
بالىلارنىڭ ئامرىقى،
باش ئەتىياز بايرىقى؟

(لەگلەك)

شاراقلايدۇ شامالدا،
بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ.
سۇ ئىچكەندە قايتىدىن،
سەپ تۈزىدۇ تىك بولۇپ؟

(قوناق شېخى)

شامالدىمۇ دولقۇنسىز، تامدا بىر دەريا بار،
سۈيى قىش كۈنلىرى ئاز، يازدا كۆپ بولار؟
(تېرمومېتىر)

شەكلى ھەر خىل، چىشى كۆپ،
ياغاچ بىلەن ئىشى كۆپ .
تېپىڭلارچۇ، ئۇ نېمە،
ئۇنى كۆرگەن كىشى كۆپ؟
(ياغاچ كېسىدىغان ھەرە)

شېكەر دېسەم تاتلىق ئەمەس،
ئاق تۇز دېسەم ئاچچىق ئەمەس.
قىشتا كۆكتىن چۈشىدۇ،
يازدا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ؟

(قار)

شاپىلاقلىسام شاتىراقلايدۇ؟

(ئەلگەك)

## هىيالىق تېپىشماقلار

ئاسماندىكى بىر توپ غازدىن بىرى سوراپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يۈز غاز، نەگە كېتىپ بارد-
ىسلەر؟ مېنىمۇ ئېلىپ كەتسەڭلار؟

غازلار شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىز يۈز ئەمەس، بىزگە بىزدەك قوشۇلسا، ئۇنىڭغا
يەنە بىزنىڭ يېرىمىمىز قوشۇلسا، يەنە يېرىمىمىزنىڭ يې-
رىمى قوشۇلسا، ئاندىن سەن قوشۇلساڭ يۈز بولىمىز. زادى
بىز قانچە، تاپقىنا؟ ئاندىن ئېلىپ كېتىمىز. ئەسلى غاز
قانچە؟

*(غاز ئوتتۇز ئالتە)*

بىر توپ قۇشقاچ كېلىپتۇ،
چىغ ئۈستىگە قونۇپتۇ.
بىردىن قونسا ئېشىپ قاپتۇ بىر قۇشقاچ،
ئىككىدىن قونسا ئېشىپ قاپتۇ بىر تال چىغ.

قۇشقاچ قانچە؟ چىغ قانچە؟

*(قۇشقاچ تۆت، چىغ ئۈچ)*

بىر قازاندىن بەش قاسقان مانتا چىقىپتۇ،

بەش جوزىدا بەشتىن ئولتۇرغان كىشىلەرگە

بەشتىن تېگىپتۇ.

ئادەم قانچە؟ مانتا قانچە؟

*(يىگىرمە بەش ئادەم، بىر يۈز يىگىرمە بەش مانتا)*

كېلىپ چۈشتى ئون بەش ئۆردەك كۆلچەككە،

زايىت چىقىپ مىلتىق ئاتتى ئۆردەككە.

بىر پاي ئوقتا يىقىلىپتۇ ئالتىسى،

ھايات قالدى شۇ كۆلچەكتە قانچىسى؟

*(كۆلچەكتە ئۆلگەن ئۆردەك قالدۇ، ھاياتلىرى ئۇچۇپ كېتىدۇ)*

ئوتتۇز ئاتنى توققۇز ئوقۇرغا جۈپتىن باغلىيالامسىز؟

*(ئالتە ئوقۇرغا تۆتتىن، ئۈچ ئوقۇرغا ئىككىدىن باغ-لىنىدۇ)*

سادىر جاڭگالدىن بىرنەچچە توشقان ۋە قىرغاۋۇل تۇتۇپ كەلدى.

قادىر: «نەچچە توشقان، نەچچە قىرغاۋۇل تۇتتۇڭ؟» دەپ سورىدى.

سادىر: «بۇلارنىڭ بېشى توققۇز، پۇتى ئوتتۇز» دەپ جاۋاب بەردى.

سادىر قانچە توشقان، قانچە قىرغاۋۇل تۇتۇپ كەلدى؟

*(ئالتە توشقان، ئۈچ قىرغاۋۇل)*

ئەر ـ ئايال يۈز كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەزىپىسى يۈز مېتىر ئۆستەڭ چېپىش، بىر ئەر كۈنىگە ئۈچ مېتىر ئۆستەڭ چاپىدۇ، ئۈچ ئايال كۈنىگە بىر مېتىر ئۆستەڭ چاپىدۇ. ئەر قانچە؟ ئايال قانچە؟

*(ئەر يىگىرمە بەش، ئايال يەتمىش بەش)*

## يېشىپ بېرىڭلار

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، تاق ئىكەنۇ، جۈپ ئىكەن، بىر شەھەردە بىر خوتۇن بار ئىكەن، ئۆزى گەپچىكەن، ھۆنىرى رەمچىكەن، ئۇنىڭ قولىدىن تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل چۈشمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خوتۇن خالايىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر كىشى سوراپ قاپتۇ:

— ئاچا، بۇ بالا نېمىڭىز؟

خوتۇن توپلانغان كىشىلەرگە قاراپ:

— قىزىمنىڭ بالىسى، ئېرىمنىڭ ئىنىسى، مېنىڭ نەۋرەم بولىدۇ، — دەپتۇ.

سورىغانلار ئويغا چۆكۈپتۇ، ئويلاپ تاپالماپتۇ، كېچىسى ياتالماپتۇ، ئەتىسى قوپالماپتۇ. قېنى، بۇ خوتۇننىڭ گېپىنى كىم يېشىپ بېرىدۇ؟

*(رەمچى خوتۇننىڭ بىر قىزى، يەنە بىر كىشىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. رەمچى خوتۇن ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ، ھېلىقى كىشىگە قىزىنى ياتلىق قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۆزى تېگىۋاپتۇ. رەمچى خوتۇن كۆتۈرۈۋالغان تۆت ياشلىق ئوغۇل ھەقىقەتەن قىزىنىڭ بالىسى ھەم ئېرىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ.)*



## قانچە يىلدىن كېيىن؟

بىر بوۋاي بۇ يىل يەتمىش ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچ نەۋرىسى بولۇپ، بىرىنچىسى يىگىرمە ياشتا، ئىككىنچىسى ئون بەش ياشتا، ئۈچىنچىسى بەش ياشتا ئىكەن، قېنى، تېپىپ بېقىڭ، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن ئۈچ نەۋرىسىنىڭ يېشىنى قوشقاندا، سالامەت ياشاۋاتقان بوۋىسىنىڭ يېشىغا تەڭ بولىدۇ؟

*(ئون بەش يىلدىن كېيىن)*

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NzIuemlw",
  "filename_decoded": "40209872.zip",
  "filesize": 20328246,
  "md5": "ac77cd507864451521234ba1616cde97",
  "header_md5": "8dd48fb08a96d6535c404116ad9b55b8",
  "sha1": "b1d035156b9bed6b6838c5ab4801a0d272578242",
  "sha256": "365826fa657a27446c8d03937b76a82cc23cbe8177586743ab78783f5e2968a2",
  "crc32": 874149531,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 21104086,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u251c\u2552\u2559\u2229 \u2562\u25a0\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209872",
  "pdg_main_pages_found": 55,
  "pdg_main_pages_max": 55,
  "total_pages": 62,
  "total_pixels": 243063126,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}